**ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى**

### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقى بىلەن

# ئارمىيەدىن 2600 تېببىي خادىم ۋۇخەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە كۆپەيتىپ ئەۋەتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(جۇ خۇڭلياڭ، جۇۋ نا)** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقى بىلەن، ئارمىيەدىن 2600 تېببىي خادىم ۋۇخەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە كۆپەيتىپ ئەۋەتىلدى، ئۇلار ۋۇخەن خوشېنشەن دوختۇرخانىسىنىڭ يۈرۈشۈش ئەندىزىسىنى ئۈلگە قىلىپ، ۋۇخەن شەھىرىدىكى تەيكاڭ تۈڭجى دوختۇرخانىسى، خۇبېي ئۆلكىلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ گۇاڭگۇ دوختۇرخانا رايونىدا ئېغىر دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ۋۇخەن شەھىرىدىكى تەيكاڭ تۈڭجى دوختۇرخانىسى 860 كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىشنى، خۇبېي ئۆلكىلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ گۇاڭگۇ دوختۇرخانا رايونى 700 كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىشنى پىلانلىغان. ئىككى دوختۇرخانا بىردەك كلىنىكىلىق كېسەل رايونى ئېچىپ، يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش، تەكشۈرۈش، ئالاھىدە دىياگنوز قويۇش، رادىيوئاكتىپ نۇر ئارقىلىق دىياگنوز قويۇش، دورا ـ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، دېزىنفېكسىيەلەش ـ تەمىنلەش، ئۇچۇر، تېببىي قۇرۇلۇش قاتارلىق قوشۇمچە بۆلۈملەرنى تەسىس قىلغانىدى.

بۇ قېتىم ئاجرىتىپ تەشكىللەنگەن داۋالاش كۈچلىرى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى، دېڭىز ئارمىيەسى، ھاۋا ئارمىيەسى، راكېتا ئارمىيەسى، ئىستراتېگىيەلىك ياردەمچى قىسىم، بىرلەشمە ئارقا سەپ كاپالەت قىسمى، قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى كۆپلىگەن داۋالاش ئورۇنلىرىدىن كەلگەن. دوختۇرخانىنىڭ سىغىمى ۋە قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە ئاساسەن، ئارمىيەنىڭ تېببىي خادىملىرى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كېلىپ ياردەم بېرىدۇ، تۇنجى تۈركۈمدىكى كۈچلەردىن 1400 خادىم 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋۇخەنگە يېتىپ كەلدى ھەمدە دەرھال ئالاقىدار تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى پىلانلىدى.

ھازىرغىچە، ئارمىيەدىن جەمئىي ئۈچ تۈركۈم قېتىمدا 4000دىن ئارتۇق تېببىي خادىم ۋۇخەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلدى.

# ئاپتونوم رايونىمىز «ئۇچراشماسلىق شەكلى»دە باج بېجىرىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى

## 149 تۈرلۈك باج ـ ھەق ئىشىدا «بىر قېتىممۇ قاتراتماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۇل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە باج ـ ھەق ئىشلىرىنى بېجىرىشتە «بىر قېتىممۇ قاتراتماسلىق»نى يولغا قويىدىغانلىقىنى ھەم بۇنىڭغا چېتىلىدىغان 149 تۈرلۈك باج ـ ھەق ئىشىنى بېجىرىش تىزىملىكى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تىزىملىك» دېيىلىدۇ)نى ئېلان قىلدى.

«باج ـ ھەق ئىشلىرىنى بېجىرىشتە ‹بىر قېتىممۇ قاتراتماسلىق›، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ ‹قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش› ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، باج يىغىش تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى، بولۇپمۇ ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە، ‹ئۇچراشماسلىق شەكلى›دە باج ئىشلىرىنى بېجىرىش كەسپىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر». ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى باج تاپشۇرۇش مۇلازىمىتى باشقارمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم يولغا قويۇلغان باج ـ ھەق ئىشلىرىنى بېجىرىش تىزىملىكى تالون بېجىرىش، باج تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى ۋە باجدىن باشقا كىرىم كەسپىنى بېجىرىش قاتارلىق 14 چوڭ تۈردىكى 149 مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، 90%تىن ئارتۇق باج ـ ھەق كەسپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باج ـ ھەق ئىشلىرىنى توردا بېجىرىش، بارماق بىلەن چېكىپلا بېجىرىش، يېقىن ئەتراپتا بېجىرىش دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، باج تاپشۇرغۇچىلار، ھەق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە باج ـ ھەق ئىشلىرىنى ئۆز ئۆزلۈك بېجىرىش ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىندى.

«ھازىر تالوننى پوچتىدىن ھەقسىز ئەۋەتىپ بېرىۋاتىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى بۇ مۇلازىمەت ھەقىقەتەن كۆڭلىمىزنى ئىللىتتى!» 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پوچتا ھەقسىز يەتكۈزۈپ بەرگەن 49 پارچە قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالوننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساۋەن ناھىيەسى خوڭدا نېفت ـ خىمىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى چېن خۇي خۇشال ھالدا شۇنداق دېدى.

ئىگىلىنىشچە، 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى باج تاپشۇرۇش ئىناۋىتى C دەرىجىلىكتىن يۇقىرى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق باج ئىدارىسىدە ئىلتىماس قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغان قەغەز تالوننى ھەقسىز پوچتا ئارقىلىق ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ تالون ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرىدىكەن، تالون ئېلىش، تالون ئىشلىتىش باج بېجىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن «پۈتۈن مۇساپىنى ئۆيدە بېجىرىش» «بىر قېتىممۇ قاتراتماسلىق» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نەق مەيداندا باج بېجىرىشنىڭ گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشنى پەيدا قىلىش خەۋپ ـ خەتىرى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىلىدىكەن.

«بىز شىنجاڭدىكى ھەق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل ھەق تاپشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، ئېلېكترونلۇق باج ئىدارىسى، ئىدارە تېرمىنالى، يان تېلېفون APPسى ۋە ئۈندىدار كىچىك پىروگراممىسى قاتارلىق ئاپتوماتىك ھەق تاپشۇرۇش ئاساس قىلىنغان، باجنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تۆلەپ قوبۇل قىلىشنى تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇش، ۋاكالىتەن يىغىش تېرمىنالىنى قوللاش، POS ئاپپاراتى تىرەك بولۇشتىن ئىبارەت بىرىكمە ھەق تاپشۇرۇش ئەندىزىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىمىز». ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھازىر تورغا چىقىرىلغان ئورۇنلارنىڭ ھەق تاپشۇرۇش يوللىرى ئېلېكترونلۇق باج ئىدارىسى، ئىدارە تېرمىنالى ۋە ئەمەلىي گەۋدە باج بېجىرىش زالىدا ئىلتىماس قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل. بۇنىڭدىن باشقا، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىگە قارىتىلغان ھەق تاپشۇرۇش شەكلى 13 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈندىدار كىچىك پىروگراممىسى، ئېلېكترونلۇق باج ئىدارىسى، ئورۇن تېرمىنالىنىڭ باجنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تۆلەپ قوبۇل قىلىشى ئاساسلىق ھەق تاپشۇرۇش يولى قىلىنىپ، ئومۇمىي باج ئېلىش خىزمىتىنىڭ 96%نى ئىگىلەپ، ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپلا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىرقى ئاچقۇچلۇق پەيتتە، زۇڭلى ئەپەندى مەن بىلەن تېلېفونلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مالايسىيا تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپكە بولغان دوستلۇق رىشتى ۋە مەددىتىنى نامايان قىلدىڭىز. يۇقۇمنىڭ جۇڭگو ـ مالايسىيا ئارىسىدىكى كىشىلەرنىڭ نورمال بېرىش ـ كېلىش قىلىشىغا ۋاقىتلىق تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. جۇڭگو ـ مالايسىيا ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بىللە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى، بولۇپمۇ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىق نەتىجىسى يارىتىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل ـ كېسىل بولغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى، كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيەنى ساقلىدى، داۋالاش ئۇسۇلىدا ئۈزلۈكسىز بۆسۈش بولۇپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتى سىجىل ئۆرلىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بىز چوقۇم يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، تىرىشىپ بۇ يىللىق تەرەققىيات نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، داۋاملىق يىراق كەلگۈسى نىشانىمىزغا قاراپ قەتئىي ئىلگىرىلەيمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ يۇقۇمغا قارىتا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولۇپلا قالماي، يەنە دۇنيانىڭ ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. بىز داۋاملىق ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى بويىچە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن ئورتاق غەلىبە قىلىمىز. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن قىممەتلىك چۈشىنىشى ۋە مەددىتىنى، بولۇپمۇ مالايسىيا قاتارلىق ئەتراپتىكى دوستانە دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىن تارتىپ ئەل ئارىسىغىچە پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، جۇڭگوغا قىيىنچىلىقتا قالغاندا ياردەم قولىنى سۇنغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ. بۇ، بىر رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمدەمدە بولغانلىقىنىڭ جانلىق ئىپادىسى. بىز داۋاملىق ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن مالايسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، رايون ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغدايمىز. بىز يەنە داۋاملىق ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرىغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش، مالايسىيا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمىز.

ماخاتىر مالايسىيا ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ماخاتىر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مالايسىيا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقى ۋە ئېرىشكەن پائال ئىلگىرىلەشلىرىنى ئالقىشلايدۇ، بۇنى جۇڭگو تەرەپنىڭ مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىسى دەپ قارايدۇ. جۇڭگونىڭ سەممىي دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مالايسىيا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنى بىر تۈركۈم داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلىدى ھەم جۇڭگو تەرەپكە داۋاملىق ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ. مالايسىيا تەرەپ ئىشىنىدۇكى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قوماندانلىقى، رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى چوقۇم نورمال ھالەتكە قايتالايدۇ. مالايسىيا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان مالايسىيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«باش شۇجىنىڭ بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خىزمەتچىلەرگە بەرگەن سەممىي تاپشۇرۇقى بىزگە مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.» شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ مۇدىرى ما جۈنچى مۇنداق دېدى: «خەتەرلىك پەيتتە خىسلىتىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چوڭ ئىش، قىيىن ئىشلاردا مەسئۇلىيىتىمىزنى نامايان قىلىمىز. بىز داۋاملىق سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، داۋالاش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرسىتىش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كەسكىن تەدبىر، تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىمىز».

باش شۇجى شى جىنپىڭ: كەڭ تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، تۇرپان شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى قاتارلىقلار «يۇقۇم»غا قارشى بىرىنچى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، تېببىي خادىملارنىڭ مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئەڭ زور چەكتە ئالدىن، تولۇق، ياخشى سەپلەپ بېرىپ، ھەققىي تۇردە يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، سەپەر قىلىش قاتارلىق ئارقا سەپ مۇلازىمەتى كاپالىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

### ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز

«ھازىر، شىركىتىمىزنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 100 توننىدىن ئاشىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئالدىدىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ» دېدى شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ شىيشىن يېڭى ئېنېرگىيە ماتېرىياللىرى پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ يۈخلياڭ تونۇشتۇرۇپ.

شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قەتئىي ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتتى.

قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسى رادىيو، تېلېۋىزىيە، تور بېكەتتى قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى ھەم ئۈندىدار، ئابونېنتلار تېرمىنالى قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۇچۇرلىرى ۋە بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى، ئومۇملاشتۇردى. ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئېلىزات مۇستاپا مۇنداق دېدى: بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرىنچى سەپتىكى تىپلار ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى توردا ۋە تور سىرتىدا يۇقۇمغا ئالاقىدار جىددىي تاقابىل تۇرۇش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆزىنى ئۆزى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلىدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، خەن چىنيەن، يۈ مېڭرەن، لى شىڭ، چاۋ جىن، ما يىنىڭ، جاڭ رۇيلىن، جاڭ يەنفاڭ، شې خۇيبيەن، لياڭ لىخۋا، لۇ فېڭباۋ، يې شياۋمىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ چيەنشى، تۇ شىن يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەن، 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان. بىرى بىڭتۇەن 7 ـ شىسىدىكى 42 ياشلىق ئاyal ئاغرىق بولۇپ، دائىم تۇرۇشلۇق جايى ۋۇخەن، 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋۇخەندىن شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن، 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قىزىش، قۇرۇق يۆتىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، بىڭتۇەن 7 ـ شىسىدىكى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەن، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان.

ئاپتونوم رايونلۇق قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكى ۋە ئىنچىكە قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان دوختۇرخانىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىلىق، ھازىر، يۇقىرىقى ئاغرىقلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورماللىشىپ، ئۇدا ئىككى قېتىم نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش مەنپىي چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يىراق مۇساپىلىك بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش سۇپىسى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇشى، باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق 5 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلمىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالىنى ئايرىۋېتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان.

ھازىرغىچە، شىنجاڭ(بىڭتۇەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا جەمئىي ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان كېسەللىك مىسالى ئالتىگە يەتكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ مەھەللە، يېزىلارنىڭ دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى كۈچلۈك مۇداپىئە سېپى رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئۆتكەللەرنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا قايتقان كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، قاتناش قوراللىرى، مەيدان ـ بېكەتلەرنى دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ ئەۋزەل داۋالاش بايلىقى ۋە تېخنىكا كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى خۇلاسىلەپ، كېڭەيتىپ، ئاغرىقلارنىڭ ساقىيىش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ماددىي ئەشيا تەمىناتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش ۋە بىرتۇتاش پىلانلاپ سەپلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك؛ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، كاپالەتلەندۈرۈش، تەمىنلەشنى كۈچەيتىپ، «ئاشلىق»«كۆك ـ تاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توشۇش «يېشىل يول»ى ئېچىپ، بازار تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا، باھانىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ كۆمۈر، توك، ماي، گازنى تەڭشەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىنى ساقلاش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش، سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۆلەش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشىلاپ، يۇقۇم تەسىرىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، چوڭ ۋەزىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى تۇتۇش، بىر قولدا مۇقىملىقنى قوغداشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئۇنۇنېرسال تەدبىر قوللىنىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ئىقتىدار، سەۋىيەنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش، جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، چوڭ جەڭدە ئەسلى مەقسەت بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغەزى تاپشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭلىق بىر تورداش مۇنداق دېدى: «بۇ سىنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش ئالدىم. ئۈمىدۋار ۋە ئوچۇق ـ يورۇق بۇ كۈچ چوقۇم ۋۇخەندە تارقىلىدۇ، يۇقۇم تۈگىگەندىن كېيىن كۆپچىلىك قۇملۇقتىكى توغراقلىق، سايرام كۆلى، نارات يايلىقىنى كۆرگىلى كېلىڭلار، كاۋاپ، پولۇ، داپەنجى يەپ، كاۋاس، شىخو پۇۋسى ئىچىپ كېتىڭلار!»

بۇ يەنە بىز ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ قەلب سۆزى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ خۇبېيغا ئۈچ تۈركۈم داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتتى، تۈركۈم ـ تۈركۈم ياردەم بېرىش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزدى، شۇنداقلا شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۈمىدۋارلىقى ۋە قىزغىنلىقىنى يەتكۈزدى. ئايەت ۋە ھايات ـ مامات ئالدىدا، باھارگۈل ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى ھەممىدە تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى شۇ جايدىكى كىشىلەرگە يەتكۈزدى. ئۇلارغا ھاياتلىقنىڭ جۇشقۇن كۈچىنى ھېس قىلدۇردى، يالقۇنجاپ تۇرغان ئۈمىد نۇرىنى كۆرسەتتى، ۋىرۇس بىلەن جەڭ قىلىش جاسارىتى ۋە ئىشەنچىنى ئاشۇردى.

بۇنىڭدىن بىز شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىزكى، «مېھرىبان دوختۇر» بولۇش دېگەنلىك يالغۇز تېببىي خادىملارنىڭ ئاغرىقلارنىڭ ساغلاملىقىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىشىنىلا كۆرسەتمەيدۇ، يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئاغرىقلارنىڭ قەلبىنى يورۇتالىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

بىز باھارگۈلنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيمىز، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەربىر ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى جايىدا ئورۇنلىغان ھالىتى ھەقىقەتەن چىرايلىق، ئاغرىقلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە تىرىشقان ھالىتى ھەقىقەتەن چىرايلىق. ئىشىنىمىزكى، تۇمان ھامان تاراپ كېتىدۇ، باھاردا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىدۇ، بىز ھەممىمىز ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا ئەركىن ـ ئازادە ياشايمىز.

**(«سۆز ھەممىگە» ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چوقۇم غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئىلمىي، دەل جايىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كەسكىن جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك. ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، تۆرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، مەھەللە ۋە يېزىلارنىڭ دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئەۋزەل بايلىقلارنى، ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كېرەك. تەشۋىق ـ تەربىيەنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشۋىقات سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سەپىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەر، ئىلمىي، كارغا كېلىدىغان قوغدىنىش بىلىملىرىنى تېيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا، مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئائىلەلەرگە يەتكۈزۈپ، ھەممە بىر نىيەتتە يۇقۇمغا زەربە بېرىشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ ئېنېرگىيەسىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرىجىمۇدەرىجە تۇتۇپ، قاتلاممۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشنى نەق جايىدىن باشلاپ، ئىشنىڭ ئىنچىكە يېرىگە كۈچ سەرپ قىلىپ، شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ئاشكارا تەكشۈرۈش، يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە، لاياقەتلىك جاۋاب قەغەزى تاپشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىشنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى تۇتۇپ، بىر قولدا مۇقىملىق، تەرەققىياتنى تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىلمىي پىلانلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ خەيرۇڭ بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)